دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەشۋىقات ـ نەشرىيات كومىتېتى نەشر قىلدى

# خەۋەرنامە

2017 - يىللىق 4 - سان | ئومۇمىي 5 - سان

4

2017

خەۋەرنامە

2017 ـ يىلى ئاپرېل | 4 ـ سان | ئومۇمىي 5 ـ سان

■ **2017 ـ يىلى 1 – ئاپرېل:** خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى» باش تېمىلىق 7 ـ باب 50 ماددىدىن تەركىب تاپقان بەلگىلىمىسى رەسمىي ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى. بەلگىلىمە ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى.

■ **2017 ـ يىلى 1 – ئاپرېل:** گوللاندىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان مائارىپ جەمئىيىتىدە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 1 ـ ئاپرېل ئىجرا قىلىشقا باشلىغان ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى» نىڭ خەتەرلىك ئاقىۋەتلىرى مۇھاكىمە قىلىندى. يىغىلىشقا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مەسئۇللىرىدىن دولقۇن ئەيسا، ئۆمەر قانات ئەپەندىلەر ۋە ئامېرىكىدىن كەلگەن ئادۋوكات ۋە پائالىيەتچى نۇرى تۈركەل ئەپەندى ئىشتىراك قىلدى.



■ **2017 ـ يىلى 2 – ئاپرېل:** ئىستانبۇل زەيتىنبۇرنۇ شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى مۇرات ئايدىن شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى؛ جەمئىيەت مەسئۇللىرى ۋە يىغىلىشقا قاتناشقان ئۇيغۇرلار بىلەن ھال ـ مۇڭ بولدى. ئۇچرىشىشتا، جەمئىيەت باشلىقى ھىدايىتۇللاھ ئوغۇزخان شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ۋە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى.



■ **2017 ـ يىلى 2 – ئاپرېل:** گوللاندىيەدىكى ئۇيغۇرلار ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان مائارىپ جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشىدە 1990 ـ يىلى يۈز بەرگەن «بارىن ۋەقەسى» نىڭ 27 يىللىقىنى خاتىرىلىدى.



■ **2017 - يىلى 2 - ئاپرېل:** دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سېيىت تۈمتۈرك باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلار، 5 مىنىستىر ۋە 20 ئەتراپىدا پارلامېنت ئەزاسى بىلەن بىرلىكتە قەيسەرى شەھرىگە بارغان تۈركىيە باش مىنىستىرى بىنالى يىلدىرىم بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تەلەپلىرىنى يەتكۈزدى.

■ **2017 - يىلى 3 - ئاپرېل:** شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى باياناتت ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 1 - ئاپرېلدىن ئېتىبارەن ئىجرا قىلىشقا باشلىغان ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى» نى ئەيىبلىدى ۋە نىزامنامىدە كۆرسىتىلگەن ماددىلارنىڭ ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي زىت ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن ھالدا، خەلقئارا جەمئىيەتنى شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى دۇچ كەلگەن زۇلۇمغا سۈكۈت قىلماسلىققا چاقىردى.



■ **2017 - يىلى 5 - ئاپرېل:** «شىنجاڭ گېزىتى»، خوتەندە يېقىنقى ئۈچ يىل ئىچىدە چىققان ۋەقەلەردە ج خ ساھەسىنىڭ ئۆزىدىنلا 23 نەپەر ساقچى ئۆلگەنلىكى ۋە 64 ساقچىنىڭ يارىلانغانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

■ **2017 - يىلى 5 - ئاپرېل:** د ئۇ ق نىڭ تەشەببۇسى، ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ميۇنخېندىكى ئۇيغۇر جامائىتى خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىغا جەم بولۇپ، بارىن ئىنقىلابىنىڭ 27 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن نامايىش ئېلىپ باردى.



■ **2017 - يىلى 5 - ئاپرېل:** قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر جامائىتى ئالمۇتا شەھىرىنىڭ سۇلتانقورغان مەھەللىسىدىكى «ئارزۇم» كافېخانىسىغا جەم بولۇپ، 1990 - يىلى 5 - ئاپرېلدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن قانلىق پاجىئەنىڭ 27 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.



■ **2017 - يىلى 6 - ئاپرېل:** ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى بايانات ئېلان قىلىپ، يېقىندا شەرقىي تۈركىستاندا يولغا قويۇلۇشقا باشلىغان «ئەسەبىيلىكنى چەكلەش نىزامى» نى تەنقىد قىلدى.

■ **2017 - يىلى 6 - ئاپرېل:** ئامېرىكا قەلەمكەشلەر مەركىزى، خەلقئارا ھۆر تىبەت ھەركىتى، ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسى، پۇقرالار كۈچى قاتارلىق كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ئورتاق مەكتۇپ ئېلان قىلىپ، ئامېرىكا پرېزىدېنتى دونالد ترامپنى خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا چاقىردى.



■ **2017 - يىلى 6 - ئاپرېل:** خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن 2009 - يىلى «ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى» غا چېتىلىپ نازارەت ئاستىغا ئېلىنغاندىن كېيىن، 2010 - يىلى 1 - ئاپرېلدا مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان «سەلكىن تورى» نىڭ باشقۇرغۇچىلىرىدىن گۈلمىرە ئىمىن، ئامېرىكا خەلقئارالىق دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ ۋىجدان مەھبۇسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى.



■ **2017 - يىلى 6 - ئاپرېل:** خىتاي دائىرىلىرى ئۈرۈمچى دۆڭكۆۋرۈك رايونىدا رەسمىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، كونا شەھەر رايونىنى چېقىش خىزمىتىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى ۋە بۇ خىزمەتنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى مۇھىم ئىستراتېگىيەسىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈردى.

■ **2017 - يىلى 7 - ئاپرېل:** ئىستانبۇلدىكى شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى مەركىزىدە بارىن شېھىتلىرىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

■ **2017 - يىلى 8 - ئاپرېل:** قىرغىزىستان پايتەختى بىشكەك شەھىرىدىكى ئالامىدىن-1-

مەھەللىسىدىكى مەدەنىيەت ئۆيىدە «ئىتتىپاق» جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن 1945 - يىلى، 8 - ئاپرېل كۈنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي ئارمىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 72 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.



■ **2017 - يىلى 9 - ئاپرېل:** نورۋېگىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى سايلام ئۆتكۈزدى؛ سايلامدا بەختىيار ئەپەندى كۆپ سانلىقنىڭ ئاۋازىغا ئېرىشىپ جەمئىيەتنىڭ رەئىسى بولدى.



■ **2017 - يىلى 9 - ئاپرېل:** كانادانىڭ تورونتو شەھىرىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر مەسچىتى رەھبەرلىكى بۇندىن 27 يىل بۇرۇن بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن زەيدىن يۈسۈپ باشچىلىقىدىكى بارىن ئىنقىلابىنىڭ 27 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن، بارىن شېھىتلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.



■ **2017 - يىلى 11 - ئاپرېل:** ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇرازاق سايىم ئۇستىدىن دېلو تۇرغۇزۇلۇپ، ئۇنىڭ قانۇن ئورگانلىرىغا تاپشۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى.

■ **2017 - يىلى 11 - ئاپرېل:** خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى دۇنيادىكى ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىغا ئائىت يىللىق دوكلاتىنى ئېلان قىلدى. دوكلاتنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن تەڭ خەلقئارا تاراتقۇلار دىققىتىنى يەنە بىر قېتىم خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش، قاماقتا ھۆكۈم قىلىش ۋە ئۆلۈم جازاسى بېرىش مەسىلىلىرىگە ئاغدۇردى. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا بېرىلگەن ئۆلۈم جازالىرىنى مەخپىي تۇتۇۋاتقانلىقى تەكىتلىدى.

■ **2017 ـ يىلى 11 – ئاپرېل:** د ئۇ ق باش كاتىپى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى چېخ جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى پراگادا چاقىرىلغان «رادىكاللىقتىن ساقلىنىش، ئاشقۇنلۇققا قارشى ئىستراتېگىيە تۈزۈپ چىقىش» يىغىنغا ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن ئىشتىراك قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىن 8 ـ ئاپرېلدىن 11 ـ ئاپرېلغىچە داۋاملاشتى.




■ **2017 ـ يىلى 12 – ئاپرېل:** قازاقىستان ئۇيغۇر مەتبۇئاتىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭ تۆھپىسىنى قوشقان پېشقەدەم ژۇرنالىست مىنەمجان ئابدۇراخمانوف 81 يېشىدا ۋاپات بولدى.



■ **2017 ـ يىلى 13 – ئاپرېل:** «خوتەن گېزىتى»، خوتەن ناھىيىسىدە ئېچىلغان كادىرلار چوڭ يىغىنىدا يېقىنقى بىر مەزگىللىك مۇقىملىقنى ساقلاش خىزمىتىدە ئىپادىسى كۆرۈنەرلىك بولغان 18 كادىرنىڭ تەقدىرلەنگەنلىكى، خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان 14 كادىرنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ سۈرۈشتە قىلىنغانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

■ **2017 ـ يىلى 13 – ئاپرېل:** سانجى شەھەرلىك سوت مەھكىمىسى «ئادەم توپلاپ جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقان قىلىش» بىلەن ئەيىبلىنىپ سوتلانغان 5 نەپەر خىتاي خرىستىئان مۇرتىنى 3 يىلدىن 5 يىلغىچە قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى.

■ **2017 ـ يىلى 14 – ئاپرېل:** تۈركىيەنىڭ ئەڭ چوڭ ئاممىۋى تەشكىلاتلىرىدىن بىرى بولغان كونيا ئالپەرەن مائارىپ ـ مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق ۋەخپىنىڭ «مۇھافىز» ژۇرنىلى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا مەخسۇس سان چىقاردى.



■ **2017 - يىلى 14 - ئاپرېل:** شىۋېتسىيە ئۇيغۇر مائارىپ ئۇيۇشمىسى ۋەكىللىرى، ياشلار تەشكىلاتىنىڭ «ئائىلە كۈنى» ناملىق ئۈچ كۈنلۈك خەلقئارالىق يىغىنى دائىرىسىدە ئۈچ ئۇستەللىك تەشۋىقات كۆرگەزمىسى ئېچىپ، يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دەرد - ئەھۋالى توغرىسىدا مەلۇماتقا ئىگە قىلدى.




■ **2017 - يىلى 16 - ئاپرېل:** ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى ئابۇ-دەبىدە ئۆتكۈزۈ-لۈۋاتقان بالىلارنىڭ «جۇ-جىتسۇ»، يەنى ياپونچە ئۆزىنى قوغداش ۋە قورالسىز ئېلىشىش تەنھەرىكەت تۈرى بويىچە خەلقئارالىق مۇسابىقىگە قازاقىستان بالىلار كوماندىسىنىڭ تەركىبىدە قاتناشقان ئىككى نەپەر قازاقىستانلىق ئۇيغۇر ئۆسمۈر ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى.

■ **2017 - يىلى 17 - ئاپرېل:** ئەنقەرەدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق تۈرك تىلى يىغىنىدا ئۇيغۇر تىلى مەسىلىلىرىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ يىغىنغا ئەزەربەيجان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان رۇسىيە فېدېراتسىيەسى قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردىن كەلگەن 100 ئەتراپىدا ئىلمىي خادىم ئىشتىراك قىلدى. ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلاردىن تۈركىيە ئىزمىر ئەگە ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى پروفېسسور ئالىمجان ئىنايەت ئەپەندى بىلەن قىرغىزىستان ئېتنىك كۇلتۇر تەتقىقات مەركىزى مۇتەخەسسىسى پروفېسسور سەيپۇللا ئابدۇللايېف قاتارلىق كىشىلەر ئىشتىراك قىلىپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى ئىلمىي دوكلاتلىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى.



■ **2017 - يىلى 18 - ئاپرېل:** قىرغىزىستان پايتەختى بىشكەك شەھىرىدىكى «ياشلىق ئاۋازى» نامىدىكى ئۇيغۇر ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ۋېرسال كافېخانىسىدا «ياشلىق ئىتتىپاقى» دېگەن نامدا

تەنتەربىيەلىك سەنئەت كىچىلىكى بولۇپ ئۆتتى. بۇ كېچىلىككە قازاقىستاندا تونۇلغان «doppalife.com» ئىنتېرنېت گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى ۋە بىر قىسىم سازەندە-ناخشىچىلار قاتناشتى.



■ **2017 - يىلى 19 - ئاپرېل:** «خوتەن گېزىتى»، خوتەن ۋىلايىتىدە يەنە 327 نەپەر كادىرنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ سۈرۈشتۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىنغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. گېزىت، مەزكۇر كادىرلارنىڭ خىزمەت ئىستىلىدا مەسىلە بارلىقى، خىزمىتىدە ساختىپەزلىك قىلغانلىقى، قانۇنغا ۋە پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى.

■ **2017 - يىلى 19 - ئاپرېل:** ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى جۇ خەيلۇن، ئاقسۇدا دىنىي زاتلار بىلەن بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇلاردىن ئىسلامنىڭ «سوتسىيالىزمغا ماسلاشتۇرۇلۇشى» ۋە «جۇڭگولاشتۇرۇلۇشى» يولىدا ئاكتىپ رول ئوينىشىنى تەلەپ قىلدى.

■ **2017 - يىلى 19 - ئاپرېل:** شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن ئوسمان تۇران ئىسىملىك بىر ياش، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان زۇلۇم سىياسەتلىرىنى كۈنتەرتىپكە ئېلىپ كېلىش مەقسىتىدە، تۈركىيەنىڭ ئانتاليا شەھىرىدىن ئەنقەرەگە قاراپ پىيادە يولغا چىقتى. ئۇ سەپىرىنى باشلىغاندىن تارتىپ تۈرك ئاخباراتىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئىگىلىنىشىچە، ئوسمان تۇران ئانتالىيادىن ئەنقەرەگىچە بولغان 500 كىلو-مېتىرلىق سەپىرىنى 3 - ماي كۈنى ئەنقەرەدە ئاخىرلاشتۇرىدىكەن.




■ **2017 - يىلى 20 - ئاپرېل:** د ئۇ ق رەئىسى رابىيە

قادىر خانىم، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىرنىڭ «ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىلگىرى سۈرۈش» ھەققىدىكى سۆزلىرىگە «قورچاق رەئىس شۆھرەت زاكىرنىڭ بايانلىرىنىڭ ئۆزى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ باستۇرۇش ئوبيېكتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنىڭ، شۇنداقلا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئويغانغان-لىقىدىن قورقۇپ كەتكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى» دەپ باھا بەردى.




■ **2017 - يىلى 20 - ئاپرېل:** ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى، بۇلتۇردىن بۇيان پوتكۇل خوتەن دائىرىسىدە نىكاھ، خەتنە توي، نەزىر قاتارلىق مۇراسىملىرىنىڭ ئىسلاھ قىلىنغانلىقى ۋە بولارنىڭ بەلگىلەنگەن كادىر ۋە ساقچىلارنىڭ نازارىتىدە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقانلىقىنىڭ دەلىل-لەنگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.




■ **2017 - يىلى 20 - ئاپرېل:** تۈركىيەنىڭ كوجائەلى شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 23 - ئاپرېل خەلقئارالىق باللار بايرىمىغا شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئوغۇل - قىز بولۇپ 23 ئۇيغۇر ئۆسمۈر ئىشتىراك قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىنى لەپىلدەتتى، نومۇر كۆرسەتتى. پائالىيەتكە خوجائەلى ۋالىيسى ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارمۇ ئىشتىراك قىلىپ سۆز قىلدى. 23 - ئاپرېلغىچە داۋاملىشىدىغان پائالىيەتكە 41 دۆلەتتىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئىشتىراك قىلدى.



■ **2017 - يىلى 21 - ئاپرېل:** ھىندىستان ئاخباراتى پاكىستاننىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىدىكى پوزىتسىيەسىنى تەنقىدلەپ، ناۋاز شەرىف ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى باستۇرۇشىغا قۇلاق يوپۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى.

■ **2017 - يىلى 21 - ئاپرېل:** خىتاي دائىرىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدا يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان دىنىي ئىسىملارنى چەكلەش بەلگىلىمىسىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا ئومۇملاشتۇرۇشقا ئۆتكەنلىكى ئاشكارىلاندى.



少数民族取名限制名称

| 序号 | 名字 | 含义 | 备注 |
|---|---|---|---|
| 1 | 穆加艾提 | 为伊斯兰而战斗的人 | 公安限制起名 |
| 2 | 吉哈德 | 为安拉圣战 | 公安限制起名 |
| 3 | 君都拉 | 为安拉战斗的人 | 公安限制起名 |
| 4 | 塔里甫 | 有宗教知识人 | 公安限制起名 |
| 5 | 莫依东 | 皈依伊斯兰教 | 公安限制起名 |
| 6 | 穆哈买提 | 穆罕默德的名字 | 公安限制起名 |
| 7 | 穆斯丽玛 | 穆斯林女的名字 | 公安限制起名 |
| 8 | 依马木 | 宗教向导 | 公安限制起名 |
| 9 | | 圣战者的儿子 | 公安限制起名 |
| 10 | 瓦哈甫 | 瓦哈比思想的传道者 | 公安限制起名 |
| 11 | 萨达 | 宗教宣传者 | 公安限制起名 |
| 12 | 穆塔艾提 | 宗教传道者 | 公安限制起名 |
| 13 | 吾萨买 | 为宗教献身的人 | 公安限制起名 |
| 14 | [illegible] | [illegible] | 公安限制起名 |
| 15 | 纳斯如力拉 | 学经者 | 公安限制起名 |
| 16 | 穆斯里木 | 穆斯林男的名字 | 工作中发现的名字 |
| 17 | 巴格达提 | 伊拉克首都 | 工作中发现的名字 |
| 18 | 苏日艳 | 国家名 | 工作中发现的名字 |
| 19 | 喀依热 | 埃及的首都 | 工作中发现的名字 |
| 20 | 苏麦艳 | 宗教传道者 | 工作中发现的名字 |
| 21 | 孜克日艳 | 宗教宣传者 | 工作中发现的名字 |
| 22 | 萨达木 | 伊拉克总统的名字 | 工作中发现的名字 |
| 23 | 吐尔克扎提 | 土耳其人 | 工作中发现的名字 |
| 24 | 吐尔克娜孜 | 土耳其的月亮 | 工作中发现的名字 |
| 25 | 艾孜哈尔 | 埃及宗教大学的名称 | 工作中发现的名字 |
| 26 | 阿吉 | 朝觐的人 | 工作中发现的名字 |
| 27 | 依斯拉木 | 穆斯林 | 工作中发现的名字 |
| 28 | 艾热发提 | 麦加圣山名称 | 工作中发现的名字 |
| 29 | 麦迪娜 | 沙特阿拉伯一个城市名称 | 工作中发现的名字 |

■ **2017 - يىلى 22 - ئاپرېل:** ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جۇمان بارشىبېك، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دائىرىلىرى تەشكىللىۋاتقان ھەر دەرىجىلىك ئۇيغۇر رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ «مىللىي بۆلگۈنچىلىك، دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە تېررورچىلىقىقا» قارشى كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى بىلدۈرۈش مەزمۇنىدىكى ئوچۇق خەت ئېلان قىلىش قوشۇنىغا قېتىلدى. ئۇ، ئاتالمىش «ئۈچ خىل كۈچ» لەرنىڭ ھەرىكىتىنى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارغا ئىزاھلاپ، «چېگرانىڭ ئىچى - سىرتىدىكى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا <ئۈچ خىل كۈچ> لەر چېگرا سىرتىدىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ قوللىشى ئاستىدا ئەزەلدىن بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى تەشكىللەش ۋە پىلانلاشنى توختامىدى» دېدى.

■ **2017 - يىلى 23 - ئاپرېل:** ئەنۋەر توختى ياپونىيەدە خىتايدىكى ئورگان تىجارىتى ھەققىدە دوكلات بەردى؛ نۆۋەتتە ئەنگلىيەدە ياشاۋاتقان تەتقىقاتچى ئەنۋەر توختى ئەپەندى، ياپونىيەنىڭ توكيو شەھىرىدىكى بۇنكيو مەدەنىيەت مەركىزى يىغىن زالىدا «خىتايدىكى ئادەم ئورگانلىرى تىجارىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى قۇربانلىرى ئۇيغۇرلار» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. ئىگىلىنىشىچە، ئەنۋەر توختى، بۇ قېتىم خىتاينىڭ ئادەم ئورگانلىرىنى سېتىش ھەرىكىتىنى توختىتىش خەلقئارا



ئۇيۇشمىسى ياپونىيە شۆبىسىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپى بىلەن ياپونىيەدىكى بەش چوڭ شەھەردە جەمئىي ئالتە قېتىم دوكلات بەرگەن.

■ **2017 - يىلى 24 - ئاپرېل:** پروفېسسور ئەركىن ئارىقئوغلۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى 21 - كۈنلۈك زىيارىتى جەريانىدا كۆرگەن - ئۆگەنگەنلىرىنى تۈركىيە تۈركلىرى بىلەن ئورتاقلىشىشنى داۋاملاشتۇردى؛ ئۇ، كونيا سەلچۇق ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان يىغىندا، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان زۇلۇم سىياسەتلىرىنى دەلىل - پاكىتلار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىشتىراكچىلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىش-تى. ئۇ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دەردىنى ئاڭلىتىشنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.



■ **2017 - يىلى 24 - ئاپرېل:** كېرىيە ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى رەسمىي تور بېتىدە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، خىتاي ئۆلكىلىرىدىن 1554 نەپەر «قوش تىل ئوقۇتقۇچىسى» قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

■ **2017 - يىلى 24 - ئاپرېل:** كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى خىتاي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى سوفى رىچاردسون، خىتاينىڭ



ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئىسىم چەكلىمىسىنى ئەيىبلەپ، « يېقىنقى يىللاردىن بۇيان رايوندا زوراۋانلىق ۋەقەلىرى ۋە مىللىي توقۇنۇش كۆچەيمەكتە، لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ چەكتىن ئاشقان باستۇرۇش سىياسەتلىرى ۋە جازالاش تەدبىرلىرى مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ. ئەكسىچە، بۇ پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىقىنى كۈچەيتمەكتە. ئەگەر ھۆكۈمەت رايونغا مۇقىملىق ئېلىپ كېلىش ۋە

ئىناقلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش دەۋاسىدا سەمىمىي بولسا، زۇلۇم سىياسەتلىرىنى قوشلاپ چۈشۈرۈش ئەمەس، بەلكى قايتۇرۇپ ئېلىشى لازىم.» دېدى.

■ **2017 - يىلى 24 - ئاپرېل:** ئىلھام توختى گۇرۇپپىسىنىڭ 3 نەپەر ۋەكىلى گېرمانىيە پارلامېنتىغا بېرىپ، كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى رەھبەرلىرى بىلەن ئىلھام توختى مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ باردى.



■ **2017 - يىلى 24 - ئاپرېل:** دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى قۇرۇلۇشى تەشكىلاتىنىڭ مۇدىرى ئۆمەر قانات ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ باش كاتىپى دولقۇن ئەيسا ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئىشتىراك قىلدى ھەمدە ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدە يىغىن ئەھلىگە بىر قېتىم جانلىق چۈشەنچە بەردى.



■ **2017 - يىلى 25 - ئاپرېل:** ئامېرىكىنىڭ ۋاشىنگتون شەھىرىدىكى خادسىن ئىنس- تىتۇتىدا «خىتاينىڭ زۇلمى ۋە ياۋرو-ئاسىيا ئۆتۈشمىسىدىكى ئۇيغۇر قوراللىقلىرى» دېگەن تېمىدا يىغىن ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىدا، جورج ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى شان روبېرتس، پېنسىلۋانىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ياردەمچى پروفېسسورى قىلىچ قانات ۋە




«پوقرالار كۆچى» تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى ياك جېيەنلى ئايرىم-ئايرىم پىكىر قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار دىيارىدا يولغا

قويۇۋاتقان قاتتىق قول سىياسەتلىرى ھەمدە بۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر ھەققىدە ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

■ **2017 - يىلى 26 - ئاپرېل:** ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ بۇ يىللىق دوكلاتىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئەركىنلىك ۋەزىيىتىنىڭ ئەندىشە قوزغاۋاتقانلىقى ئەسكەرتىلدى. كومىتېت، 2016 - يىلى خىتايدا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىنىڭ داۋاملىق ناچارلاشقانلىقىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ




مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار، بۇددىست تىبەتلەر، فالۇنگوڭ ۋە ئائىلە خرىستىئان چېركاۋلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ «دۆلەتكە تەھدىت، دەپ قارالغان ھەرقانداق دىندار، ئادۋوكات، پائالىيەتچى ۋە باشقا ئىجتىمائىي گۇرۇھ ئەزالىرىنى باستۇرغانلىقى»نى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ خىتاينى بۇ يىل يەنە دىنىي

ئەركىنلىك ۋەزىيىتى دىققەت قىلىنىدىغان ئالاھىدە دۆلەتلەر تىزىملىكىگە كىرگۈزۈشنى تەكلىپ قىلدى.

■ **2017 - يىلى 26 - ئاپرېل:** تۈركىيە پارلامېنتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى مەخسۇس باياناتى ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئىسىم چەكلىمىسىنى ئەيىبلىدى؛ باياناتتا، خىتاينىڭ ‹دىنىي رادىكاللىققا قارشى تۇرۇش› دېگەن نامدا دىنىي ئەركىنلىك ھوقۇقىنى چەكلەش ھەرىكىتىنىڭ ئەقەللىي ئىنسان ھەق ۋە ھوقۇقىغا خىلاپ ئىكەنلىكى، خىتاينىڭ بۇ بەلگىلىمىنى بىكار قىلىشى كېرەكلىكى قەيت قىلىندى.




■ **2017 - يىلى 28 - ئاپرېل:** خىتاي ھۆكۈمىتى، ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ 26 - ئاپرېل ئېلان قىلغان دىنىي ئەركىنلىك دوكلاتىغا ئىنكاس قايتۇرۇپ، خىتايدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئەركىنلىكىنىڭ

بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچراۋاتقانلىقىنى رەت قىلدى.

■ **2017 ـ يىلى 28 ـ ئاپرېل:** ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان پەيزىۋات ناھىيەسىنىڭ بارىن يېزىسىدىكى ئىككى كەنت سېكرېتارى بىلەن بىر ساقچى خادىمى چەتئەلدە ئوقۇۋاتقانلارنى قايتۇرۇپ ئەكېلىش توغرىسىدا ھۆججەت بارلىقىنى دەلىللىدى.

■ **2017 ـ يىلى 28 ـ ئاپرېل:** ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى تىل، تارىخ، جوغراپىيە فاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىسى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى دوتسېنت دوكتور ئەركىن ئەمەت، ھىتىت ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان «تۈرك دۇنياسى بىرلىكى ۋە شەرقىي تۈركىستان رېئاللىقى» دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلەپ،



ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئاسسىملاتسىيە سىياسىتى، ئېتنىك ۋە دىنىي ئىسىملارنىڭ چەكلىنىشى ۋە چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار دۇچ كەلگەن بېسىملارنى ئەتراپلىق شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى.

■ **2017 ـ يىلى 29 ـ ئاپرېل:** قازاق تۈركلىرى مائارىپ ۋە تەتقىقات جەمئىيىتى ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ياۋرو ـ ئاسىيا ئېنىستىتۇتىدا ئوسمان باتۇر شېھىت قىلىنغانلىقىنىڭ 66 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن خاتىرىلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مۇراسىم ئەسناسىدا ئوسمان باتۇرغا بېغىشلاپ چىقىرىلغان «ئەركىنلىك ئۆچمەس روھى ـ ئوسمان باتۇر» ناملىق كىتاب تونۇشتۇرۇلدى.




■ **2017 ـ يىلى 29 ـ ئاپرېل:** شەرقىي تۈركىستان ئاۋستىرالىيە جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 25 ـ يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا ئاۋستىرالىيە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن 500 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.



Dunya Uyghur Qurultiyi Teshwiqat - Neshriyat Komitéti neshr qildi

# XEWERNAME

2017 - YiliQ 4 - San | Omumi 5 - san

4
2017